# ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ توردىكى بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ياردەم

**باللار تور ئارقىلىق ئۆگىنىش قىلىدۇ، نەرسىلەرنى بايقايدۇ، ئوينايدۇ ۋە دوست تۇتىدۇ. لېكىن بۇنىڭمۇ خەتىرى بار.**

بالىلىرىڭىز تاسادىپىي كىشىنى بىئارام قىلىدىغان مەزمۇنلارنى كۆرۈپ قېلىشى، ناتونۇش كىشىلەر بالىلىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىششى ياكى باللار توردا بوزەك بولۇشى مۇمكىن، ياكى باللار تورغا بىرىلىپ كېتىپ سىرتلارغا چىقماس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئاددىي ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىلىرىڭىزنىڭ توردىكى بىخەتەرلىكىگە ياردەم قىلالايسىز.

## ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن توردىكى بىخەتەرلىك توغرىسىدا پاراڭلىشىش

ئەگەر توردا باللارنى قورقىتىدىغان ياكى بىئارام قىلىدىغان ئىشلار يۈز بەرسە، بالىلىرىڭىزغا بۇ ئىشلارنى ھەرقانداق ۋاقىت سىزگە ئېيتسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ.

بالىلىرىڭىزدىن ئۇلارنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى ۋە ئىشلىتىۋاتقان ئەپلىرىنى سىزگە كۆرسىتىپ بېقىشنى سوراڭ. eSafety دىكى **پاراڭلىششنى باشلاش** ئارقىلىق ياردەمگە ئېرىشىڭ.

## بىرلىكتە ئائىلە قائىدىسى تۈزۈش

ھەممەيلەننىڭ توردىكى بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، ئائىلە بويىچە بىر قانچە ئاددىي قائىدىلەرنى تۈزۈۋالسىڭىز بولىدۇ. بۇ قائىدىدە باللارنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى قەيەردە ئىشلەتسە، قانداق ئويۇنلارنى ئوينىسا، قانداق ئەپلەرنى ئىشلەتسە ۋە قانچىلىك ۋاقىت تور ئىشلەتسە بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بەلگىلەشكە بولىدۇ. كۆپىنچە ئۈسكۈنە ۋە ئەپلەردە ئۇلارنى ئىشلىتىشكە چەك قويۇش ئىقتىدارلىرى سەپلەنگەن بولىدۇ. **بۇ ۋىدىيو** ئارقىلىق ئاتا-ئانا كونتروللىرى ۋە تەڭشەكلەر ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى كۆرۈڭ.

## قەيەردىن ياردەمگە ئېرىشىمىز

مەلۇم بىر توردىكى مەسىلە توغرىسىدا ياردەمگە موھتاج بولۇپ، قانداق قىلىشنى بىلمىسىڭىز، ئۆزىڭىز ئىشىنىدىغان بىرەيلەن، مەسىلەن دوستىڭىز، بالىلىرىڭىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى دېگەندەك كىشىلەر بىلەن بۇ توغرىسىدا پاراڭلىشىپ بېقىڭ. ياكى سىز **ئاتا-ئانىلار لىنىيەسى** دىكى كىشىلەردىن باللارغا يېتەكچىلىك قىلىش مەسىلىلىرىدە ياردەم سورىسىڭىز بولىدۇ.

eSafety ھەيئىتى (eSafety) بارلىق ئاۋستراليە ئائىلىسىنىڭ توردىكى بىخەتەرلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. **eSafety تور بېكىتى** دە **توردىكى خورلىنىشنى مەلۇم قىلىش** ۋە توردىكى بىخەتەرلىك ھەققىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى كۆرەلەيسىز.



ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ توردىكى بىخەتەرلىكى ھەققىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى بىزنىڭ تور بېكىتىمىزدىكى eSafety Parents دىن كۆرۈڭ.